
# أَوْرَاد فَتْحِيَّة





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# أَوْرَادِ فَتْحِيَّة

## (ئېچىلىش ۋىردىلىرى)

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

أَسْتَغْفِرُ اللهَ الْعَظِيْمَ ۞ أَسْتَغْفِرُ اللهَ الْعَظِيْمَ ۞ أَسْتَغْفِرُ اللهَ الْعَظِيْمَ ۞ الَّذِىْ لَآ إِلٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّوْمُ وَأَتُوْبُ إِلَيْهِ وَأَسْأَلُهُ التَّوْبَةَ وَالْمَغْفِرَةَ ۞ أَللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ وَإِلَيْكَ يَرْجِعُ السَّلَامُ ۞ حَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلَامِ ۞ وَأَدْخِلْنَا دَارَ السَّلَامِ ۞ تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ ۞ أَللّٰهُمَّ لَكَ

بۈيۈك اللّٰەتىن مەغفىرەت تىلەيمەن، بۈيۈك اللّٰەتىن مەغفىرەت تىلەيمەن، بۈيۈك اللّٰەتىن مەغفىرەت تىلەيمەنكى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ھەمىشە ھايات زات بولغان ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق. ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن ۋە ئۇنىڭدىن تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ۋە مەغفىرەت قىلىنىشنى تىلەيمەن.

ئى اللّٰە! سەن ھەر قانداق نۇقساندىن سالامەتدۇرسەن. سالامەتلىك بېغىشلاش سەن تەرەپتىندۇر ۋە ئۇ سالامەتلىك ئاخىر سېنىڭ تەرىپىڭگە قايتىدۇ. رەببىمىز! بىزنى سالامەت ياشاتقىن، بىزنى دارۇسسالام (جەننەت)غا كىرگۈزگىن. رەببىمىز! سەن بەرىكەتلىكتۇرسەن ۋە ئالىيدۇرسەن، ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ساھىبى!.



الْحَمْدُ حَمْدًا يُّوَافِىْ نِعَمَكَ وَيُكَافِىْ مَزِيْدَ كَرَمِكَ أَحْمَدُكَ بِجَمِيْعِ مَحَامِدِكَ مَا عَلِمْتُ مِنْهَا وَمَا لَمْ أَعْلَمْ وَعَلَى جَمِيْعِ نِعَمِكَ مَا عَلِمْتُ مِنْهَا وَمَا لَمْ أَعْلَمْ وَعَلَى كُلِّ حَالٍ.

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ

ئى اللّٰە! نېئمەتلىرىڭگە باراۋەر كەلگۈدەك، سېخىيلىقىڭنىڭ زىيادىلىكىنى ئىپادىلەشكە كۇپايە قىلغۇدەك دەرىجىدىكى ھەمدۇسانالار ساڭا بولسۇن؛ مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان بارلىق نېئمەتلىرىڭنىڭ يۈزىسىدىن مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان جىمى ھەمدۇسانالىرىڭ بىلەن ھەممە ھالەتلەردە ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمەن.

اللّٰەقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيمەن.

ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ھەمىشە ھايات اللّٰەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئۇ (اللّٰە) مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ (مۈلكى)دۇر؛ ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئۇنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (دۇنيادا قىلغان) ۋە كەينىدىكى (ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلانغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئۇنىڭ مەلۇماتىدىن ئۇ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان (يەنى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بىلدۈرگەن) نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇنىڭ

وَسِعَ كُرْسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفْظُهُمَا ۚ وَهُوَ ٱلْعَلِىُّ ٱلْعَظِيمُ. صلے

سُبْحَانَ اللهِ (33 قېتىم)، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ (33 قېتىم)، اَللهُ أَكْبَرُ (34 قېتىم).

لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ (10 قېتىم).

لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْمَلِكُ الْجَبَّارُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْعَزِيْزُ الْغَفَّارُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْكَرِيْمُ السَّتَّارُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْكَبِيْرُ الْمُتَعَالِ

كۇرسى (يەنى مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ؛ ئۇ بۈيۈك ئالىي مەرتىۋىلىكتۇر.

الله پاكتۇر (33 قېتىم)، جىمى ھەمدۇ-سانالار اللهقا خاستۇر (33 قېتىم)، الله ھەممىدىن چوڭدۇر (34 قېتىم).

يالغۇز اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر (10 قېتىم).

ئەڭ غالىب پادىشاھ اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

قاتتىق قەھر قىلغۇچى يالغۇز اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

بەكمۇ مەغفىرەت قىلغۇچى غالىب اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئەيىبلەرنى بەكمۇ ياپقۇچى كەرەملىك اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ خَالِقُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْمَعْبُوْدُ بِكُلِّ مَكَانٍ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْمَذْكُوْرُ بِكُلِّ لِسَانٍ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ الْمَعْرُوْفُ بِكُلِّ إِحْسَانٍ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِيْ شَأْنٍ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ إِيْمَانًا بِاللهِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ أَمَانًا مِّنَ اللهِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ أَمَانَةً عِنْدَ اللهِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَلَا نَعْبُدُ إِلَّآ إِيَّاهُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ حَقًّا حَقًّا ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ إِيْمَانًا وَّصِدْقًا ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ تَعَبُّدًا وَّرِقًّا ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ تَلَطُّفًا

كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممە ماكاندا ئىبادەت قىلىنغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممە تىللاردا زىكرى قىلىنغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممە ياخشىلىق بىلەن تونۇلغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەر كۈنى بىر ھالەتتە بولغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئىمان كەلتۈرۈش ئۇنىڭ بىلەن بولىدىغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئامانلىق ئۇنىڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئامانەت ئۇنىڭ ئالدىدا ساقلىنىدىغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئۇنىڭ بىلەندۇر.

اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، بىز پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز.

ھەقىقەت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئوچۇق بولغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئىمان ئېيتىلىدىغان ۋە تەستىقلىنىدىغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

بەندىچىلىك ۋە قۇلچىلىق قىلىنىدىغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

خۇش مۇئامىلىلىك ۋە مەرھەمەتلىك اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

وَّرِفْقًا ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ قَبْلَ كُلِّ
شَيْءٍ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ بَعْدَ كُلِّ شَيْءٍ
۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ يَبْقٰى رَبُّنَا وَيَفْنٰى
وَيَمُوْتُ كُلُّ شَيْءٍ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا
اللّٰهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ الْمُبِيْنُ ۞ لَآ إِلٰهَ
إِلَّا اللّٰهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ الْيَقِيْنُ ۞ لَآ
إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْعَلِىُّ الْعَظِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ
إِلَّا اللّٰهُ الْحَلِيْمُ الْكَرِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا
اللّٰهُ رَبُّ السَّمٰوٰاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ
الْعَظِيْمِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ أَكْرَمُ
الْاَكْرَمِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ أَرْحَمُ
الرَّاحِمِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ حَبِيْبُ
التَّوَّابِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ رَاحِمُ
الْمَسَاكِيْنِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ هَادِى

ھەممە شەيئىدىن ئىلگىرى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممە شەيئىدىن كېيىن قالىدىغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممە نەرسە يوقالسىمۇ ۋە ئۆلسىمۇ مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان رەببىمىز اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئوچۇق ھەقىقىي پادىشاھ اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

بەكمۇ روشەن ھەقىقىي پادىشاھ اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

بۈيۈك ئالىي مەرتىۋىلىك اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

سېخىي مۆلايىم اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

سېخىيلارنىڭ سېخىيراقى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

رەھىملىكلەرنىڭ رەھىملىكراقى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ دوستى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

مىسكىنلەرنىڭ رەھىمدارى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.



الْمُضِلِّيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ دَلِيْلُ
الْحَآئِرِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ دَلِيْلُ
الْمُتَحَيِّرِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ أَمَانُ
الْخَآئِفِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ غِيَاثُ
الْمُسْتَغِيْثِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
النَّاصِرِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الْحَافِظِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الْوَارِثِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الْحَاكِمِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الرَّازِقِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الْفَاتِحِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الْغَافِرِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ خَيْرُ
الرَّاحِمِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ
وَصَدَقَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَأَعَزَّ

ئازغۇنلارنىڭ ھىدايەتچىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

تېڭىرقاپ قالغۇچىلارنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئېزىپ قالغانلارنىڭ مەقسەتكە باشلىغۇچىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

قورققۇچىلارنىڭ ئەمىنلىك بەرگۈچىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

نالە-زار قىلغۇچىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

قوغدىغۇچىلارنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

كۇشادلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

مەغفىرەت قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

رەھىملىكلەرنىڭ ياخشىسى بولغان اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان، بەندىسىگە ياردەم بەرگەن، قوشۇنىغا

جُنْدَهُ وَهَزَمَ الْاَحْزَابَ وَحْدَهُ وَلَا شَيْءَ بَعْدَهُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ أَهْلُ النِّعْمَةِ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثَّنَآءُ الْحَسَنُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ عَدَدَ خَلْقِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَرِضَا نَفْسِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ صَاحِبُ الْوَحْدَانِيَّةِ الْفَرْدَانِيَّةِ الْقَدِيمِيَّةِ الْاَزَلِيَّةِ الْاَبَدِيَّةِ ۞ لَيْسَ لَهُ ضِدٌّ وَلَا نِدٌّ وَلَا شِبْهٌ وَلَا شَرِيكٌ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَيٌّ لَا يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ ۞ هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ

غەلىبە ئاتا قىلغان، كاپىرلار توپىنى يالغۇز مەغلۇپ قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ شەيئى بولمايدىغان يېگانە اللّٰەتىن باشقا ئىلاھ يوق.

پەزل ۋە گۈزەل ماختاشلار ئۇنىڭغا خاس بولغان نېئمەت ئىگىسى اللّٰەتىن باشقا ئىلاھ يوق.

كەلىمىلىرىنىڭ سانىغا، ئەرشىنىڭ ۋەزنىگە، مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىغا باراۋەر تۇرغۇدەك ۋە ئۇنىڭ ئۆزى رازى بولغۇدەك دەرىجىدىكى گۈزەل ماختاشلار ئۇنىڭغا خاس بولغان اللّٰەتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئەبەدىيلىك، ئەزەلىيلىك، قەدىمىيلىك، (زات جەھەتتە) يالغۇزلۇق، (سۈپەت جەھەتتە) يېگانىلىقنىڭ ساھىبى بولغان اللّٰەتىن باشقا ئىلاھ يوق. ئۇنىڭ رەقىبى، تەڭتۇشى، ئوخشىشى ۋە شېرىكى يوق.

يالغۇز اللّٰەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھاياتلىق بېغىشلايدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۆزى بولسا ھەمىشە ھايات بولۇپ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۇ ھەممە شەيئىگە قادىردۇر، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

ئۇنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (ئۇ) ئاشكارىدۇر ۋە مەخپىيدۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.


www.uyghurkitap.com

لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ (ئۈچ قېتىم).

اَللّٰهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَآ أَعْطَيْتَ وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا رَآدَّ لِمَا قَضَيْتَ وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ.

سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَلِيِّ الْاَعْلَى الْوَهَّابِ (ئىككى قېتىم) ۞ سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَلِيِّ الْاَعْلَى الْكَرِيمِ الْوَهَّابِ يَا وَهَّابُ ۞ سُبْحَانَكَ مَا عَبَدْنَاكَ حَقَّ عِبَادَتِكَ ۞ سُبْحَانَكَ مَا

ھېچ شەيئى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

بىزگە اللّٰە كۇپايە، اللّٰە نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار ۋە نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى! پەرۋەردىگارىمىز، مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر (ئۈچ قېتىم).

ئى اللّٰە! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سەن قارار قىلغان ئىشنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ.

كۆپ بەرگۈچى ئۇستۇن ئالىي مەرتىۋىلىك پەرۋەردىگارىم پاكتۇر (ئىككى قېتىم)، كۆپ بەرگۈچى سېخىي ئۇستۇن ئالىي مەرتىۋىلىك پەرۋەردىگارىم پاكتۇر. ئى كۆپ بەرگۈچى! پاكتۇرسەنكى، ساڭا ئىبادەت قىلىنىشىڭغا تېگىشلىك رەۋىشتە ئىبادەت قىلالمىدۇق.

پاكتۇرسەنكى، سېنى تونۇلۇشۇڭغا تېگىشلىك رەۋىشتە تونۇيالمىدۇق.

عَرَفْنَاكَ حَقَّ مَعْرِفَتِكَ ۞ سُبْحَانَكَ
مَا ذَكَرْنَاكَ حَقَّ ذِكْرِكَ ۞ سُبْحَانَكَ
مَا شَكَرْنَاكَ حَقَّ شُكْرِكَ ۞ سُبْحَانَ
اللهِ الْاَزَلِيِّ الْاَزَلِ ۞ سُبْحَانَ اللهِ
الْاَبَدِيِّ الْاَبَدِ ۞ سُبْحَانَ اللهِ الْوَاحِدِ
الْاَحَدِ ۞ سُبْحَانَ اللهِ الْفَرْدِ الصَّمَدِ
۞ سُبْحَانَ اللهِ رَافِعِ السَّمٰوٰاتِ
بِغَيْرِ عَمَدٍ ۞ سُبْحَانَ اللهِ الَّذِىْ لَمْ
يَتَّخِذْ صَاحِبَةً وَّلَا وَلَدًا ۞ سُبْحَانَ
اللهِ الَّذِىْ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُوْلَدْ وَلَمْ
يَكُنْ لَّهٗ كُفُوًا أَحَدٌ ۞ سُبْحَانَ
اللهِ الْمَلِكِ الْقُدُّوْسِ ۞ سُبْحَانَ

پاكتۇرسەنكى، سېنى ياد ئېتىلىشىڭگە تېگىشلىك رەۋىشتە ياد ئېتەلمىدۇق.

پاكتۇرسەنكى، ساڭا شۇكرى قىلىنىشىڭغا تېگىشلىك رەۋىشتە شۇكرى قىلالمىدۇق.

ئەڭ ئەزەلىي بولغان اللّٰه پاكتۇر.

ئەڭ ئەبەدىي بولغان اللّٰه پاكتۇر.

(سۈپەتتە) يېگانە، (زاتتا) يالغۇز بولغان اللّٰه پاكتۇر.

ھېچنەرسىگە موھتاج بولمايدىغان يېگانە اللّٰه پاكتۇر.

ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز تۇرغۇزغۇچى اللّٰه پاكتۇر.

ئۆزىگە جۆرە ۋە بالا تۇتمىغان اللّٰه پاكتۇر.

بالا تاپمىغان، تۇغۇلمىغان ۋە ھېچ شەيئى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان اللّٰه پاكتۇر.

ناھايىتى پاك پادىشاھ اللّٰه پاكتۇر.

پادىشاھلىق ۋە سەلتەنەت ئىگىسى (بولغان اللّٰه) پاكتۇر.



ذِى الْمُلْكِ وَالْمَلَكُوْتِ ۞ سُبْحَانَ
ذِى الْعِزَّةِ وَالْعَظَمَةِ وَالْقُدْرَةِ وَالْهَيْبَةِ
وَالْجَلَالِ وَالْجَمَالِ وَالْكَمَالِ وَالْبَقَآءِ
وَالثَّنَآءِ وَالضِّيَآءِ وَالْاٰلَآءِ وَالنَّعْمَآءِ
وَالْكِبْرِيَآءِ وَالْجَبَرُوْتِ ۞ سُبْحَانَ
الْمَلِكِ الْحَيِّ الَّذِىْ لَا يَنَامُ وَلَا
يَمُوْتُ ۞ سُبُّوْحٌ قُدُّوْسٌ رَبُّنَا
وَرَبُّ الْمَلٰٓئِكَةِ وَالرُّوْحِ ۞ سُبْحَانَ
اللهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَاللهُ
أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ
الْعَلِىِّ الْعَظِيْمِ ۞ أَللّٰهُمَّ أَنْتَ الْمَلِكُ
الْحَقُّ الَّذِىْ لَآ إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ.

ئىززەت، بۈيۈكلۈك، قۇدرەت، ھەيۋەت، ئۇلۇغلۇق، گۈزەللىك، كامالەت، باقىيلىق، سانا، نۇر، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېئمەت، چوڭلۇق ۋە كۈچ ئىگىسى (بولغان اللّٰه) پاكتۇر.

ئۇخلاپ قالمايدىغان ۋە ئۆلۈپ قالمايدىغان ھەمىشە ھايات پادىشاھ (اللّٰه) پاكتۇر.

روھ (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) ۋە پەرىشتىلەرنىڭ رەببى بولغان پەرۋەردىگارىمىز (اللّٰه) پاكتۇر ۋە مۇقەددەستۇر.

اللّٰه پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللّٰهقا خاستۇر، اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت بۈيۈك ئالىي مەرتىۋىلىك اللّٰه بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ.

ئى اللّٰه! سەن ھەق پادىشاھتۇرسەنكى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق.

يَا اَللّٰهُ — يَا رَحْمٰنُ — يَا رَحِيْمُ

ئى ئاللاھ! — ئى شەپقەت زات! — ئى مېھرىبان زات!

يَا مَلِكُ — يَا قُدُّوْسُ — يَا سَلَامُ

ئى پادىشاھ زات! — ئى پاك زات! — ئى سالامەت زات!

يَا مُؤْمِنُ — يَا مُهَيْمِنُ — يَا عَزِيْزُ

ئى ئەمىن قىلغۇچى زات! ئى نازارەت قىلغۇچى زات! — ئى غالىب زات!

يَا جَبَّارُ — يَا مُتَكَبِّرُ — يَا خَالِقُ

ئى قەھىرلىك زات! — ئى ئۇلۇغ زات! — ئى ياراتقۇچى زات!

يَا بَارِئُ — يَا مُصَوِّرُ — يَا غَفَّارُ

ئى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! ئى سۈرەت بېغىشلىغۇچى زات! ئى مەغفىرەت قىلغۇچى زات!

يَا قَهَّارُ — يَا وَهَّابُ — يَا رَزَّاقُ

ئى قەھرى بىلەن تىزگىنلىگۈچى! ئى كۆپ بەرگۈچى زات! ئى رىزىق بەرگۈچى زات!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يَا فَتَّاحُ — يَا عَلِيْمُ — يَا قَابِضُ

ئى كۈشادلىق بەرگۈچى زات! ئى بىلىپ تۇرغۇچى زات! — ئى تۇتقۇچى زات!

يَا بَاسِطُ — يَا خَافِظُ — يَا رَافِعُ

ئى رىزىقنى كەڭ قىلغۇچى! ئى پەس قىلغۇچى زات! — ئى كۆتۈرگۈچى زات!

يَا مُعِزُّ — يَا مُذِلُّ — يَا سَمِيْعُ

ئى ئەزىز قىلغۇچى زات! ئى خار قىلغۇچى زات! — ئى ئاڭلىغۇچى زات!

يَا بَصِيْرُ — يَا حَكَمُ — يَا عَدْلُ

ئى كۆرگۈچى زات! — ئى ھۆكۈم قىلغۇچى زات! — ئى ئادىل زات!

يَا لَطِيْفُ — يَا خَبِيْرُ — يَا حَلِيْمُ

ئى مەرھەمەتلىك زات! ئى خەۋەردار بولغۇچى زات! — ئى مۆلايىم زات!

يَا عَظِيْمُ — يَا غَفُوْرُ — يَا شَكُوْرُ

ئى بۈيۈك زات! — ئى مەغفىرەت قىلغۇچى! ئى شۈكۈرنى ياقتۇرغۇچى!

**يَا عَلِيُّ　　يَا كَبِيْرُ　　يَا حَفِيْظُ**

ئى ئالىي مەرتىۋىلىك زات!　ئى چوڭ زات!　ئى قوغدىغۇچى زات!

**يَا مُقِيْتُ　　يَا حَسِيْبُ　　يَا جَلِيْلُ**

ئى قۇۋۋەت بەخش ئەتكۈچى!　ئى كۇپايە قىلغۇچى زات!　ئى ئۇلۇغ زات!

**يَا كَرِيْمُ　　يَا رَقِيْبُ　　يَا مُجِيْبُ**

ئى سېخىي زات!　ئى كۆزىتىپ تۇرغۇچى!　ئى ئىجابەت قىلغۇچى زات!

**يَا وَاسِعُ　　يَا حَكِيْمُ　　يَا وَدُوْدُ**

ئى مەرھەمىتى كەڭ زات!　ئى ھېكمەتدار زات!　ئى دوست تۇتقۇچى زات!

**يَا مَجِيْدُ　　يَا بَاعِثُ　　يَا شَهِيْدُ**

ئى ئۇلۇغ زات!　ئى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگۈچى!　ئى ھازىر بولغۇچى زات!

**يَا حَقُّ　　يَا وَكِيْلُ　　يَا قَوِىُّ**

ئى شەكسىز مەۋجۇد زات!　ئى ۋەكىل بولغۇچى زات!　ئى كۈچلۈك زات!



**يَا مَتِيْنُ　　يَا وَلِيُّ　　يَا حَمِيْدُ**

ئى مۇستەھكەم زات!　ئى دوست بولغۇچى!　ئى ماختاشقا لايىق زات!

**يَا مُحْصِ　　يَا مُبْدِئُ　　يَا مُعِيْدُ**

ئى ساناپ تۇرغۇچى زات!　ئى بارلىققا كەلتۈرگۈچى!　ئى قايتىدىن تىرىلدۈرگۈچى!

**يَا مُحْيِ　　يَا مُمِيْتُ　　يَا حَىُّ**

ئى ھاياتلىق بەرگۈچى!　ئى ئۆلتۈرگۈچى!　ئى ھايات زات!

**يَا قَيُّوْمُ　　يَا وَاجِدُ　　يَا مَاجِدُ**

ئى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى!　ئى مەۋجۇد زات!　ئى ئۇلۇغ زات!

**يَآ أَحَدُ　　يَا صَمَدُ　　يَا قَادِرُ**

ئى يېگانە زات!　ئى بىھاجەت زات!　ئى قادىر زات!

**يَا مُقْتَدِرُ　　يَا مُقَدِّمُ　　يَا مُؤَخِّرُ**

ئى ئىقتىدارلىق زات!　ئى ئىلگىرى قىلغۇچى زات!　ئى كېيىن قىلغۇچى زات!

**يَآ أَوَّلُ يَآ اٰخِرُ يَا ظَاهِرُ**

ئى ھەممىدىن ئەۋۋەل زات! ئى ھەممىدىن ئاخىر زات! ئى ئاشكارا زات!

**يَا بَاطِنُ يَا وَالِ يَا مُتَعَالِ**

ئى يوشۇرۇن زات! ئى ئىگە بولغۇچى زات! ئى ئۈستۈن زات!

**يَا بَرُّ يَا تَوَّابُ يَا مُنْعِمُ**

ئى ياخشىلىق قىلغۇچى! ئى تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى! ئى ئىنئام بەرگۈچى زات!

**يَا مُنْتَقِمُ يَا عَفُوُّ يَا رَؤُوْفُ**

ئى ئىنتىقام ئالغۇچى زات! ئى ئەپۇچان زات! ئى كۆيۈمچان زات!

**يَا مَالِكَ الْمُلْكِ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ**

ئى جاھاننىڭ ئىگىسى! ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ساھىبى!

**يَا رَبِّ يَا مُقْسِطُ يَا جَامِعُ**

ئى رەببىم! ئى ئادىل زات! ئى يىغقۇچى زات!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**يَا غَنِيُّ يَا مُغْنِ يَا مُعْطِ**

ئى باي زات! ئى باي قىلغۇچى زات! ئى ئاتا قىلغۇچى زات!

**يَا مَانِعُ يَا ضَارُّ يَا نَافِعُ**

ئى توسۇپ قويغۇچى زات! ئى زەرەر يەتكۈزگۈچى! ئى مەنپەئەت بەرگۈچى!

**يَا نُوْرُ يَا هَادِ يَا بَدِيْعُ**

ئى نۇر زات! ئى يول كۆرسەتكۈچى زات! ئى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرگۈچى!

**يَا بَاقِ يَا وَارِثُ يَا رَشِيْدُ**

ئى باقى تۇرغۇچى زات! ئى ۋارىسلىق قىلغۇچى! ئى توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى!

**يَا صَبُوْرُ يَا صَادِقُ يَا سَتَّارُ**

ئى سەبىرچان زات! ئى راستچىل زات! ئى ئەيىبلەرنى ياپقۇچى!

**يَا مَنْ تَقَدَّسَتْ عَنِ الْاَشْبَاهِ ذَاتُهُ**

ئى زاتىنىڭ ئوخشىشى بولۇشتىن پاك بولغان،

وَتَنَزَّهَتْ عَنْ مُّشَابَهَةِ الْاَمْثَالِ صِفَاتُهُ ۞ وَيَا مَنْ دَلَّتْ عَلَى وَحْدَانِيَّتِهِ اٰيَاتُهُ ۞ وَشَهِدَتْ بِرُبُوْبِيَّتِهِ مَصْنُوْعَاتُهُ ۞ وَاحِدٌ لَّا مِنْ قِلَّةٍ وَمَوْجُوْدٌ لَّا مِنْ عِلَّةٍ ۞ يَا مَنْ هُوَ بِالْبِرِّ مَعْرُوْفٌ وَبِالْإِحْسَانِ مَوْصُوْفٌ مَعْرُوْفٌ بِلَا غَايَةٍ وَمَوْصُوْفٌ بِلَا نِهَايَةٍ أَوَّلٌ قَدِيْمٌ بِلَا ابْتِدَآءٍ وَاٰخِرٌ كَرِيْمٌ بِلَا انْتِهَآءٍ وَغَفَرَ ذُنُوْبَ الْمُذْنِبِيْنَ كَرَمًا وَحِلْمًا ۞ يَا مَنْ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ.

سۈپەتلىرىنىڭ مىسلى بولۇشتىن مۇنەززەھ بولغان زات!

ئى يېگانىلىقىغا ئالامەتلىرى دالالەت قىلىدىغان، پەرۋەردىگار (پەرۋىشچى)لىقىغا ياراتقانلىرى گۇۋاھ بولىدىغان، يېگانىلىقى ئازلىقتىن بولمىغان، مەۋجۇدلۇقى سەۋەب بىلەن بولمىغان زات!

ئى ياخشىلىق بىلەن تونۇلغۇچى، گۈزەللىك بىلەن سۈپەتلەنگۈچى، چەكسىزلىك بىلەن تونۇلغۇچى، تۈگەنچىسىزلىك بىلەن سۈپەتلەنگۈچى، ئەۋۋىلى قەدىملىكى ئىبتىداسىز، ئاخىرى سېخىيلىقى تۈگەنچىسىز، سېخىيلىقى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغان زات! ئى ھېچ شەيئى (ئۇنىڭغا) ئوخشىمايدىغان، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان زات!



حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيْلُ نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيْرُ غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيْرُ.

أَللّٰهُمَّ يَا دَآئِمًا بِلَا فَنَآءٍ وَيَا قَآئِمًا بِلَا زَوَالٍ ۞ وَيَا مُدَبِّرًا بِلَا وَزِيْرٍ ۞ سَهِّلْ عَلَيْنَا وَعَلَى وَالِدَيْنَا كُلَّ عَسِيْرٍ ۞ لَآ أُحْصِيْ ثَنَآءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَآ أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ عَزَّ جَارُكَ وَجَلَّ ثَنَآؤُكَ وَتَقَدَّسَتْ أَسْمَآؤُكَ وَعَظُمَ شَأْنُكَ وَلَآ إِلٰهَ غَيْرُكَ ۞ يَفْعَلُ اللّٰهُ مَا يَشَآءُ بِقُدْرَتِهِ وَيَحْكُمُ مَا يُرِيْدُ بِعِزَّتِهِ ۞ أَلَآ إِلَى اللّٰهِ تَصِيْرُ الْأُمُوْرُ ۞ كُلُّ

بىزگە ﷲ كۇپايە، ﷲ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار ۋە نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى! پەرۋەردىگارىمىز، مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

ئى ﷲ! ئى يوقالماي داۋاملىق تۇرغۇچى، ئى زاۋالسىز تۇرغۇچى! ئى ۋەزىرسىز تەدبىر قىلغۇچى (زات)! بىزگە ۋە ئاتا-ئانىمىزغا ھەرقانداق قىيىن ئىشلارنى ئاسان قىلىپ بەرگىن.

ساڭا سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك سانا ئېيتالمايمەن. سېنىڭ ھەمراھىڭ غالىبتۇر، ساناياڭ ئۇلۇغدۇر، ئىسىملىرىڭ مۇقەددەستۇر، شەنىڭ بۈيۈكتۇر ۋە سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

ﷲ قۇدرىتى بىلەن خالىغىنىنى قىلىدۇ ۋە ئىززىتى بىلەن ئىرادە قىلغىنىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىشلار ﷲ تەرەپكە قايتىدۇ ئەمەسمۇ؟

شَيْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُۥ ۚ لَهُ ٱلْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ۞ فَسَيَكْفِيكَهُمُ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ وَكَفَى سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ دَعَى وَلَيْسَ وَرَآءَ اللّٰهِ الْمُنْتَهَى ۞ مَنِ اعْتَصَمَ بِاللّٰهِ فَقَدْ نَجَى ۞ سُبْحَانَ مَنْ لَّمْ يَزَلْ رَبًّا رَّحِيْمًا وَّلَا يَزَالُ كَرِيْمًا.

لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْحَلِيْمُ الْكَرِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْحَيُّ الْقَيُّوْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْعَلِيُّ الْعَظِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْمَنَّانُ الْعَلِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْقُدُّوْسُ الْقَدِيْمُ ۞

اللّٰهنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ، (مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت ئۇنىڭغا خاستۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئۇلارغا قارشى اللّٰه ساڭا كۇپايىدۇر. ئۇ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە-مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

بىزگە اللّٰه يېتەرلىك ۋە كۇپايىدۇر، ئۇ دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلايدۇ، اللّٰهنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان تۇگەنچە يوق.

اللّٰهقا ئېسىلغان كىشى نىجات تاپىدۇ.

پەرۋەردىگارلىقى، مېھرىبانلىقى ۋە سېخىيلىقى يوقالمايدىغان زات پاكتۇر.

سېخىي مۆلايىم اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى ھەمىشە ھايات اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

بۈيۈك ئالىي مەرتىۋىلىك اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممىنى بىلگۈچى كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچى اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ئەزەلدىن پاك اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الْوَاسِعُ الْحَكِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ الرَّحْمٰنُ الرَّحِيْمُ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ ۞ سُبْحَانَ اللّٰهِ وَتَبَارَكَ اللّٰهُ رَبُّ السَّمٰوٰاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ ۞ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ إِلٰهًا وَّاحِدًا أَحَدًا صَمَدًا فَرْدًا وِتْرًا حَيًّا قَيُّوْمًا دَآئِمًا أَبَدًا لَمْ يَتَّخِذْ صَاحِبَةً وَّلَا وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٌ فِى ٱلْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ وَلِىٌّ مِّنَ ٱلذُّلِّ ۖ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيرًا ۞ اللّٰهُ أَكْبَرُ (ئۈچ قېتىم).

ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغان مەرھەمەتى كەڭرى اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

مېھرىبان شەپقەتلىك اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

ھەممىنى بىلگۈچى ئاڭلىغۇچى اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق.

يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه پاكتۇر ۋە بەرىكەتلىكتۇر.

جىمى ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰهقا خاستۇر.

يالغۇز اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوق. ئۇنىڭ شېرىكى يوقكى، (ئۇ) زات ۋە سۈپەتتە يېگانە، ھېچنەرسىگە موھتاج بولمايدىغان، يالغۇز، تاق، ھايات، ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، دائىم مەۋجۇد، ئەبەدىي، ئۆزىگە جۆرە ۋە بالا تۇتمىغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان ئىلاھتۇر. ئۇنى (مۇكەممەل رەۋىشتە) ئۇلۇغلىغىن. اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر.

**حَسْبُنَا اللّٰهُ لِدِيْنِنَا ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ لِدُنْيَانَا ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ لِمَآ أَهَمَّنَا ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ لِمَنْ بَغَى عَلَيْنَا ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ لِمَنْ حَسَدَنَا ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ لِمَنْ كَادَنَا بِسُوْٓءٍ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْمَوْتِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْقَبْرِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْحِسَابِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْمَسَآئِلِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْحَشْرِ وَالنَّشْرِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْمِيْزَانِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الصِّرَاطِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ الْجَنَّةِ وَالنَّارِ ۞ حَسْبُنَا اللّٰهُ عِنْدَ اللِّقَآءِ ۞ حَسْبِيَ اللّٰهُ الَّذِى**

دىنىمىز ئۈچۈن اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

بىزنى غەم-قايغۇغا سالغان ئىشلار ئۈچۈن اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

بىزگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

بىزگە ھەسەت قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

بىزگە يامانلىق بىلەن ھىيلە ئىشلەتكەنلەر ئۈچۈن اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

ئۆلۈم ئالدىدا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

قەبرىدە اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

ھېساب بېرىش ئالدىدا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

سوئال-سوراق ئالدىدا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

مەھشەرگاھتا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

ئەمەللەر ئۆلچىنىدىغان تارازىنىڭ ئالدىدا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدىغاندا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

جەننەت ۋە دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنىش ئالدىدا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.

اللّٰهنىڭ دىدارىغا ئۇچرىشىش ئالدىدا اللّٰه بىزگە كۇپايىدۇر.



**لَآ إِلٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيْبُ.**

**لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ سُبْحَانَ اللّٰهِ مَآ أَعْظَمَ اللّٰهَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ سُبْحَانَ اللّٰهِ مَآ أَحْلَمَ اللّٰهَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ سُبْحَانَ اللّٰهِ مَآ أَكْرَمَ اللّٰهَ ۞ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللّٰهِ حَقًّا حَقًّا.**

**أَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَّعَلَى اٰلِ مُحَمَّدٍ كُلَّمَا ذَكَرَهُ الذَّاكِرُوْنَ ۞ وَصَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَّعَلَى اٰلِ مُحَمَّدٍ كُلَّمَا غَفَلَ عَنْ ذِكْرِهِ الْغَافِلُوْنَ ۞ رَضِيْنَا بِاللّٰهِ رَبًّا وَبِالْإِسْلَامِ دِيْنًا**

اللّٰه ماڭا كۇپايىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. مەن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە يۈزلىنىمەن.

اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه پاكتۇركى، ئۇ نەقەدەر بۈيۈك-ھە!

اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه پاكتۇركى، ئۇ نەقەدەر مۇلايىم-ھە!

اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه پاكتۇركى، ئۇ نەقەدەر سېخىي-ھە!

يالغۇز اللّٰهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋە راست ئەلچىسىدۇر.

ئى اللّٰه! مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)كە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ياد ئەتكۈچىلەر ئۇنى ئەسلىگەن ھەربىر ۋاقىتتا ياخشىلىق قىلغىن.

ئى اللّٰه! مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)كە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە غاپىللار ئۇنى ئەسلەشتىن غاپىل قالغان ھەربىر ۋاقىتتا ياخشىلىق قىلغىن.

اللّٰهنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ئىسلامنىڭ دىنىمىز ئىكەنلىكىگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



وَبِمُحَمَّدٍ ﷺ نَبِيًّا وَّرَسُوْلًا وَبِالْقُرْاٰنِ
إِمَامًا وَبِالْكَعْبَةِ قِبْلَةً وَبِالصَّلٰوةِ
فَرِيْضَةً وَبِالْمُؤْمِنِيْنَ إِخْوَانًا وَبِالصِّدِّيْقِ
وَالْفَارُوْقِ وَذِى النُّوْرَيْنِ وَبِالْمُرْتَضٰى
أَئِمَّةِ الْهَادِيْنَ رِضْوَانُ اللهِ تَعَالٰى
عَلَيْهِمْ أَجْمَعِيْنَ ۞ مَرْحَبًا بِالصَّبَاحِ
الْجَدِيْدِ وَبِالْيَوْمِ السَّعِيْدِ[1] وَبِالْمَلَكَيْنِ
الْكِرَامَيْنِ الْكَاتِبَيْنِ الشَّاهِدَيْنِ الْعَادِلَيْنِ
حَيَّاكُمَا اللهُ تَعَالٰى فِىْ غُرَّةِ يَوْمِنَا
هٰذَا أُكْتُبَا فِىْٓ أَوَّلِ صَحِيْفَتِنَا
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ
وَنَشْهَدُ أَنْ لَّآ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهٗ لَا

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچى ئىكەنلىكىگە، قۇرئاننىڭ ئىمامىمىز، كەئبىنىڭ قىبلىمىز ئىكەنلىكىگە، نامازنىڭ پەرزلىكىگە، مۇئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ئىكەنلىكىگە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىيلەرنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئىماملار ئىكەنلىكىگە — الله تعالى نىڭ رازىلىقى ئۇلارغا بولسۇن — رازى بولدۇق.

يېڭى تاڭغا، بەختىيار كۈنگە، ئادىل گۇۋاھچى ۋە ھۆرمەتلىك پۈتۈكچىلەر بولغان يېنىمىزدىكى ئىككى پەرىشتىگە مەرھابا! الله تعالى سىلەر ئىككىڭلارغا ئامانلىق بەرسۇنكى، مۇشۇ كۈنىمىزنىڭ دەسلىپىدە سەھىپىلىرىمىزنىڭ ئەۋۋىلىگە «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، يالغۇز اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، يەنە گۇۋاھلىق

① كەچقۇرۇندا «مَرْحَبًا بِالصَّبَاحِ الْجَدِيْدِ وَبِالْيَوْمِ السَّعِيْدِ»نىڭ ئورنىدا «مَرْحَبًا بِالْمَسَاءِ الْجَدِيْدِ وَبِاللَّيْلِ السَّعِيْدِ» دەپ ئوقۇلىدۇ.



شَرِيْكَ لَهٗ وَنَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهٗ
وَرَسُوْلُهٗ ۞ أَرْسَلَهٗ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ
ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ
وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ۞ عَلٰى
هٰذِهِ الشَّهَادَةِ نَحْيٰى وَعَلَيْهَا نَمُوْتُ
وَعَلَيْهَا نُبْعَثُ إِنْ شَآءَ اللهُ تَعَالٰى
أَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ كُلِّهَا
مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ بِسْمِ اللهِ خَيْرِ
الْأَسْمَآءِ ۞ بِسْمِ اللهِ رَبِّ الْأَرْضِ
وَرَبِّ السَّمَآءِ ۞ بِسْمِ اللهِ الَّذِىْ
لَا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهٖ شَيْءٌ فِى الْأَرْضِ
وَلَا فِى السَّمَآءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ
۞ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىٓ أَحْيَانَا بَعْدَ مَآ

بېرىمىزكى، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) — مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن — ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دەپ شاھادەت ئوقۇغانلىقىمىزنى يېزىڭلار!

بىز مۇشۇ گۇۋاھلىقنىڭ ئۈستىدە ياشايمىز، مۇشۇ گۇۋاھلىقنىڭ ئۈستىدە ئۆلىمىز ۋە يەنە مۇشۇ گۇۋاھلىقنىڭ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىمىز الله خالىسا.

اللهنىڭ پۈتۈن كەلىمىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ياراتقان نەرسىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن.

ئىسىملارنىڭ ياخشىسى بولغان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ئاسمان-زېمىنىنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

